## 11559 ـ مۇسۇلمان ئەمەس ئوقۇتقۇچىغا سالام بېرىش توغرىسىدا

### سۇئال

مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدا ۋە سىنىپتا مۇسۇلمان ئەمەس ئوقۇتقۇچىغا سالام قىلىش توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «سىلەر يەھۇدى ۋە خىرىستىئانلارغا سالامنى باشلىماڭلار» [ئىمام مۇسلىم كىتابىنىڭ"سالام" بابىدا كەلتۈرگەن].

ئۇ دەۋرىدە يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ "سام ئەلەيكۇم" يەنى ساڭا ئۆلۈم بولسۇن دەپ ئىبرانى تىلدا سالام بېرەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنىمۇ ئۇلارغا: "ۋەئەلەيكۇم" يەنى ئۆلۈم سىلەرگە بولسۇن دەپ جاۋاپ بېرىشكە بۇيرىغان.  بۇخارى كىتابىنىڭ "ئەدەپ" بۆلۈمىدە، مۇسلىم كىتابىنىڭ"سالام" بۆلۈمىدە كەلتۈرگەن.

سىز دەسلەپتە سالام قىلماڭ، ئەگەر دەسلەپتە سىزگە سالام قىلسا، ئۇنىڭغا "ۋەئەلەيكۇم" دەپ جاۋاپ قايتۇرۇڭ، لېكىن ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ "ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھىمايىسىدە ياشاۋاتقانلارنىڭ ھۆكمى" ناملىق ئەسىرىدە مۇنۇلارنى زىكىر قىلغان: كاپىر بىزدىن سالامنى ئۆگىنىپ بىزگە" ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم" دىسە، بىز ئۇنىڭغا جاۋاپ قايتۇرۇپ"ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام" دەيمىز.